## 26240 ـ تابارەك (مۇلۇك) سۈرىسىنى ئوقۇش قەبرە ئازابىدىن چەكلەيدۇ

### سۇئال

مۇلۇك سۈرىسىنى ئوقۇغان مۇسۇلمان قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىدۇ، دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىدىم. لېكىن قانچە قېتىم ئوقۇش كېرەك، كۈندە بىر قېتىممۇ ياكى كۆپرەكمۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇز ئايەتلىك بىر سۈرە بولۇپ، ئۇ سۈرە تىلاۋەت قىلغۇچىسىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچە قەدەر شاپائەت قىلىدۇ، بۇ تەبارەكەللەزى بىيەدىھىل مۇلك...» [تىرمىزىي رىۋايىتى2891-ھەدىس، ئەبۇ داۋۇت1400-ھەدىس، ئىبنى ماجە3786-ھەدىس، تىرمىزىي ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىس دېگەن. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار توپلىمى22-توم277-بەتتە سەھىھ دەپ بايان قىلغان. شەيخ ئەلبانىي ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 3053-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

بۇ ھەدىستىن بولغان مەقسەت: بۇ سۈرىنى ھەر كېچىسى ئوقۇسا، ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلسا ۋە بايان قىلىنغان خەۋەرلەرگە ئىشەنسە، مەزكۇر سۈرىنىڭ پەزىلىتىنى ھاسىل قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمىكى ھەر كېچىسى تابارەك سۈرىسىنى تىلاۋەت قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ سۈرىنىڭ سەۋەبى تۈپەيلى، ئۇ كىشىنى قەبرە ئازابىدىن ساقلايدۇ. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، بۇ سۈرىنى "مانىئە" (يەنى چەكلىگۈچى-توسقۇچى) دەپ ئاتايتتۇق، ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى بىر سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىنى ھەر كېچىسى ئوقۇغان كىشى ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق ۋە پەزىلەتكە ئېرىشىدۇ». [نەسائىي رىۋايىتى 6-توم 179-بەت. ئەلبانىي "تەرغىب ۋە تەرھىب" ناملىق ئەسەر 1470-ھەدىستە ھەسەن دەرىجىلىك دەپ كەلتۈرگەن].

سەئۇدى ئەرەبىستان دىنى تەشۋىقات ئىلمى پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىقى دەلىللەرگە ئاساسەن، بۇ سۈرىگە ئىشەنگەن، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىستەپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەز-نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى قوبۇل قىلغان ۋە ئىبرەت ئالغان، ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرگە تولۇق ئەمەل قىلغان كىشىگە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بۇ سۈرە شاپائەت قىلىدۇ. [دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى 4-توم 334-335-بەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشىنى بىلگۈچىدۇر.